شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
7
جۈمە
维吾尔文 6月7日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24719 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ياخشى يەتكۈزۈش

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسى مۈشۈكئېيىق سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدا

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **جياڭ گوپېڭ**

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسى مۈشۈكئېيىق سارىيى، «دىڭ دىڭ» بىلەن «رۇ يى» ئۆزلىرىنىڭ «چوڭ يۈرۈشلۈك ئۆيى»دە ئىشتىھا بىلەن سەۋزە يەۋاتاتتى، يەنە پات ـ پات ئايرىش ئەينىكى سىرتىدىكى مۇخبىرغا بېشىنى چايقىشىپ، ئوماق قىلىق چىقىراتتى.

ئىككى كىچىك جانىۋارنىڭ جۇڭگو چوڭ مۈشۈكئېيىق قوغداش تەتقىقات مەركىزىدىكى يائەن بىفېڭ جىلغىسى بازىسىدىن بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشقانىدى. ئۇلارنىڭ 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇ يېڭى ئۆيىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يەردىكى يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىرلىكتە جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن جى، ۋېن شىن، خۇاڭيىن جيازى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن موسكۋا چوڭ تىياتىرخانىسىدا جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا بىرلىكتە قاتناشتى ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى.

تۈن پەردىسى يېيىلغاندا، موسكۋا شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان چوڭ تىياتىرخانىدا پانۇسلار چاقناپ، رەڭدار نۇر چېچىلىپ، شاد ـ خۇرام بايرام كەيپىياتىغا تولغانىدى.

شۇ جاي ۋاقتى سائەت 20دىن 45 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ پۇتىن بىلەن بىرلىكتە يىغىن مەيدانىغا كىردى. پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالقىش ياڭرىتىپ قارشى ئالدى.

پۇتىن ئالدى بىلەن تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان 70 يىلدىن بۇيان، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئاجايىپ تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشىگە تۈرتكە بولدى. جۇڭگو رۇسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە، ئاۋىئاتسىيە ـ ئالەم قاتنىشى، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە رايون خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىنسانلار دۈچ كەلگەن يېڭى خىرىس، يېڭى تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. رۇسىيە ـ جۇڭگو دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى ئورتاق قوللاپ، خەلقئارا قانۇن ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى قوغداپ، باراۋەر ئاساستا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بۈگۈن بىرلىكتە قوشما بايانات ئىمزالاپ ھەم ئېلان قىلىپ، رۇسىيە ـ جۇڭگونىڭ ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدۇق. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ «قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتايلى» دېگەن تېمىدا تەبرىك سۆزى قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن موسكۋا چوڭ تىياتىرخانىسىدا جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بىرلىكتە قاتناشتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **لى شۆرېن** فوتوسى

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: بۈگۈن، بىز جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەپ، بىرلىكتە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى يەنە بىر تارىخىي پەيتنى كۈتۈۋالدۇق. بىز مىسلىسىز جاپالىق ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو ـ سوۋېت ئارمىيەلىرى، خەلقلىرىنىڭ مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق زەربە بېرىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن يېمىرىلمەس جەڭگىۋار دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى ئۇنتۇمايمىز. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئىككىنچى كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال ئېتىراپ قىلدى ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ تاشلىنىپ قالغان ئىشلار ئەۋج ئالدۇرۇلۇشقا باشلىغان ئاشۇ يىللاردا، زور تۈركۈمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قان ـ تەرى ئارقىلىق يېڭىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سانائەتلىشىش ئاساسىنى سېلىشىغا ياردەم بەردى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ ئاجايىپ داستانىنى پۈتتى. 21 ـ ئەسىرگە كىرگەندە، ئىككى تەرەپ ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە يۈكسەلدۈرۈلۈپ، يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 70 يىللىق بوران ـ چاپقۇن، ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدى، مۇقىملاشتى، مۇستەھكەملەندى. مەن ۋە پۇتىن زۇڭتۇڭ جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى، تېخىمۇ زور تەرەققىي قىلغان يېڭى دەۋرنى بىرلىكتە ئاچىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدۇق.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىيۇ چاڭ، لى جىخۇي) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى موسكۋادا رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭگو ـ رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىيات ساقلاندى، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا ئىشىنىش دەرىجىسى، ھەمكارلىشىش سەۋىيەسى، ئىستراتېگىيەلىك قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. ھازىر، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئۆزلۈكسىز يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇننى قېزىپ چىقتى. چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان بەزى ناتوغرا قىلمىشلارغا قارىتا، جۇڭگو ـ رۇسىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش بىز ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى قوغداشتا ئەھمىيىتى مۇھىم ۋە زور.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ سىجىل، چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشى كېرەك. ئىككى تەرەپ يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ «جۇڭگو ـ رۇسىيە لايىھەسى»نى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

مېدۋېدېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى تۈنۈگۈن بايانات ئىمزالاپ، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ھازىر، ئايرىم دۆلەتلەر ئاقىۋەتنى ئويلاشماي، خەلقئارا قانۇن

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇت 93كە يەتتى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايون يېقىندا 3 ـ تۈركۈمدىكى يېشىل ياسىمىچىلىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورۇنلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېشىل زاۋۇتتىن يەنە 34ى كۆپەيگەن، شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇت 93كە يەتكەن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ دۆلەت ئىچىدىكى يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىنىشتىكى ئىلغار تىپقا ئايلانغان. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن يېشىل زاۋۇت جەمئىي 34كە يەتكەن، جۇڭگو سانائەت ئېنېرگىيە تېجەش ۋە پاكىز ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى يېشىل زاۋۇتلارنىڭ سانى ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكىلەر ئىچىدە باش ئورۇنغا ئۆتكەن، يېشىل زاۋۇتلارنىڭ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرغان.

شىنجاڭ بەيچېك شيەنشى تەمىنلەش زەنجىرى چەكلىك شىركىتى بۇ قېتىم تاللانغان يېشىل زاۋۇتلارنىڭ بىرى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ يەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىركىتىمىز يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سۇپىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق سۈپەت ئۆلچەش تەجرىبىخانىسى، ئاپتوماتلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە يېشىل زەنجىر سىمان ئامباردا سوغۇق ساقلاش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېشىل مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، لايىھەلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېشىل زاۋۇتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بۇنىڭدىن كېيىن شىركىتىمىز تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، يېشىل تەرەققىيات يولىدا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى يېشىل ياسىمىچىلىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورۇنلىرى تىزىملىكىدە، 34 يېشىل زاۋۇتتىن باشقا، يەنە ئىككى يېشىل باغچە رايونى، ئىككى يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش كارخانىسى، ئون يېشىل لايىھەلەش مەھسۇلاتى بار ئىكەن. بۇ قېتىم تاللانغان 3 ـ تۈركۈمدىكى يېشىل ياسىمىچىلىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورۇنلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىز ئالدى بىلەن مۇكاپاتلايدىكەن ۋە قوللايدىكەن؛ يېشىل زاۋۇت،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سىيى

天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

بىر قاچىنىڭ ھېكايىسى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

☐ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، گاۋ ۋا**

ئەمەر ھېكىم قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى تۆگمەنبېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئۇ ئۆيىدە ئىزچىل بىر ئېمال قاچىنى ساقلاپ كەلگەنىدى، گەرچە قاچا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ شەكلى سەل ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىدى. چۈنكى بۇ ئاددىي قاچىنىڭ ئۆزگىچە ھېكايىسى بار ئىدى.

■ ئانىسى يېڭىدىن سېتىۋالغان قاچىنى يەرگە ئېتىش

«دادامنىڭ تەسىرىدە، مەن ناھايىتى بالدۇرلا قانۇنسىز دىن ئۆگىنىشنى باشلىغان، ياخشى كۈنلەرنى ‹تەڭرى› ئاتا قىلغان، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايتتىم…» 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، قاغىلىق ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈش رايونىدا، ئەمەر يۇمىلاق ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئوتتۇرا بوي، ياش كۆرۈنىدىغان، مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان 30 ياشلىق ئەمەر قارىماققا ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئۇ تەربىيەلەش مەركىزىگە كىرىپ ئۆگىنىش ـ تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرى، كاللىسى «يات دىندىكىلەر»، «غازات»، «جەننەتكە كىرىش» ئويى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى: ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قانۇنسىز دىن ئۆگىنىپ، «نىكاھ» ئوقۇتۇپ توي قىلدى، توي مۇراسىمىدا ھەم ناخشا ئېيتقۇزمىدى ھەم ئۇسسۇل ئويناتمىدى. تويدىن كېيىن خوتۇنىنى مودا كىيىملەرنى كىيگىلى قويمىدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلىگىلىمۇ قويمىدى… ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى توقۇپ چىقارغان «دىنىي قائىدە» «ئائىلىۋى قائىدە» بويىچە ئىش كۆرۈپ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا «جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ» دەپ قارىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەمەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن بارغانسېرى پاتقاققا چوڭقۇرلاپ پېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى دىنغا ئېتىقاد قىلمايتتى، شۇڭا ئۇ ئانىسى ئەتكەن تاماقنى يېمىدى، «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارىدى. «بىر قېتىم ئۆيگە قايتقىنىمدا، ئانام ئەمدىلا ئەتكەن لەڭمەندىن دەرھال ماڭا بىر قاچا ئېلىپ كەلدى. مەن قاچىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتىم، تاماق يەرگە چېچىلىپ كەتتى، يەنە ئانامغا قاتتىق ۋارقىرىدىم، ئانام ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى» دېدى ئەمەر.

«ئوغلۇم مەن بىلەن تاكاللاشسا، سوقۇشسا، خاپا بولدۇم، ئازابلاندىم، لېكىن ئازراقمۇ ئامال قىلالمىدىم.» ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، ئەمەرنىڭ ئانىسى مەنسا سەمەت ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئوغلى يېڭىدىن سېتىۋالغان قاچىنى ئېتىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. ھەر قېتىم قاچىنى كۆرگەندە، ئۇ ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىدى.

ئەمەرنىڭ دادىسىنىڭ دائىم ئاشقازىنى ئاغرىيتتى، ئەمما دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرستىشنى رەت قىلاتتى، «تەڭرى»گە دۇئا قىلسام ساقىيىپ كېتىمەن، دەپ قارىغاچقا، ئەڭ ياخشى داۋالاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئاشقازان راكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. «دادامنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا مەن يىغلىمىدىم، دادامنىڭ ‹جەننەتكە كىرەلمەسلىك›تىن ئەنسىرىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا شۇ دەرىجىدە ۋاپاسىزلىق قىلدىم، مەن ھەققەتەن بەكلا ئەخمەق ئىكەنمەن.» ئەمەرنىڭ ئازابتىن قەلبى ئۆرتەنگەنىدى.

■ كۆزنى يوغان ئېچىپ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش

2017 ـ يىلى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئېغىر يۇقۇملانغان ئەمەر قاغىلىق ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئوقۇدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)